# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 8 ـ ئاي 24 دۈشەنبە

维吾尔文 8 月24日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25163 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە —— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

## شىنجاڭ ساياھەت كارخانىلىرى كاپىتال بازىرى دەرۋازىسىنى ئاچتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز رىبن جياڭ، ياۋ گاڭ خەۋەر قىلدۇ: «شىيۇ ساياھەت تەرەققىيات پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا پېيىنى بازارغا سېلىشى شىنجاڭ ساياھەت كارخانىلىرىنىڭ ئاساسىي بۆلەكتە پېيىنى بازارغا سېلىشى نۆل بولۇشتەك ھالەتنى بۆسۈپ ئۆتتى، بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان ساياھەت بايلىقى بىلەن كاپىتالنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولغانلىقىنىڭ مۇھىم، زور نەتىجىسى بولۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ساياھەت تەرەققىياتىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتى» دېدى 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن نازىر خوۋ خەنمىن.

شىيۇ ساياھەت تەرەققىيات پاي چەكلىك شىركىتى 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى شېنجېن ئاكسىيە بىرژىسى ئىگىلىك تىكلەش بۆلىكىدە پېيىنى بازارغا سالدى. بۇ، شىنجاڭنىڭ ساياھەت بايلىقى ۋە جەمئىيەت كاپىتالىنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ساياھەت بايلىقىنى ئېچىشتا سۈپەتلىك ماركىلاشتۇرۇپ راۋاجلاندۇرۇش،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

# ھەل قىلغۇچ قەدەمنى ياخشى تاشلاپ، تەرەققىيات يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىش

## —— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئەنخۇيدا تەكشۈرۈشتە بولغانلىقى توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى مۇخبىرلىرى دۇ شاڭزې، جۇ سىشيۇڭ، شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى جاڭ شياۋسۇڭ

8 ـ ئايدىكى چاڭجياڭ ـ خۇەيخې تۈپرىقى ئوتتەك قىزىپ كەتكەنىدى.

8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 21 ـ كۈنىگىچە، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئەنخۇيغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈردى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەم خېفېيدا چاڭجياڭ دېلتىسىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىش سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى.

بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە ئىككى چوڭ مۇھىم نۇقتا بار: بىرى، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ۋە دەريا، كۆللەرنى تىزگىنلەش، يەنە بىرى، چاڭجياڭ دېلتىسىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش.

كەلكۈن مەزگىلى كىرگەندىن بۇيان، چاڭجياڭ دەرياسى، خۇەيخې دەرياسى، چاۋخۇ كۆلى قاتارلىقلارنىڭ سۇ ئورنى بىر مەھەل ئېھتىيات سۇ ئورنىدىن ئېشىپ كەتتى. ئەنخۇينىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ئۈچ سەپ بويىچە جەڭ قىلىندى، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ۋەزىپىسى مۈشكۈل بولدى. قانداق قىلىپ كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ۋە ئاپەتتىن كېيىنكى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، قايتا قۇرۇشنى كۈچەيتىش، خۇەيخې دەرياسى ۋە چاۋخۇ كۆلىنى تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى ئاسراش، ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى كۈچەيتىش قاتارلىقلارغا شى جىنپىڭ ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى، بولۇپمۇ ئاپەت رايونىدىكى ئاممىنى ئەسلەپ تۇردى، «بۇ مەن ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشلارنىڭ بىرى».

چاڭجياڭ دېلتىسىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇھىم، زور دۆلەت ئىستراتېگىيەسىگە كۆتۈرۈلگەندىن بۇيان، قانداق ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپە ئالدىدا قانداق قىلغاندا يېڭى پۇرسەت يېتىلدۈرگىلى، يېڭى ۋەزىيەت ياراتقىلى بولىدۇ، باش شۇجى شى جىنپىڭ نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئەڭ يېڭى ئەھۋاللارنى ئىگىلىدى.

«چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى، ئوتتۇرا ئېقىنىدىكى رايونلارنىڭ ھەممىسىنى كۆردۈم ھەم سۆھبەت يىغىنى ئاچتىم، بۇ قېتىم تۆۋەن ئېقىنغا بېرىپ كۆرۈپ كېلىمەن، سۆھبەت يىغىنىمۇ ئاچىمەن».

دۆلەت ئىچى ـ سىرتى ۋەزىيىتى چىگىش، مۇرەككەپ، ئەنخۇي سەپىرىدە، مۇھىمى ئىككى چوڭ تېمىغا جاۋاب بېرىلگەنلىكىدە:

كىم ئۈچۈن، كىمگە تايىنىش كېرەك؟ «خەلق» دېگەن سۆزنىڭ ۋەزنى ئىنتايىن ئېغىر. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: «ھەرقانداق ۋاقىتتا بىز ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلىشىمىز، خەلقتىن ئىبارەت بۇ يىلتىزنى ئۇنتۇماسلىقىمىز، مەڭگۈ خەلققە سادىق مۇلازىمەتچى بولۇشىمىز كېرەك».

يەرشارىۋى بازار تارىيىۋاتقان تاشقى مۇھىتقا يۈزلىنىپ، يېڭى بىر نۆۋەتلىك پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە كەسىپ ئۆزگىرىشىنىڭ تېز ئۆزگىرىشىگە يۈزلىنىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: «ئەڭ مۇھىمى جەزمەن كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى ياخشى قىلىش، بوران چىقىپ دولقۇن كۆتۈرۈلسىمۇ، بېلىق تۇتۇش سۇپىسىدا مەزمۇت ئولتۇرۇش».

### بىرىنچى، سۇ ئاپىتىنى تىزگىنلەش، سۇچىلىقنى گۈللەندۈرۈش

2020 ـ يىلى مۇقەررەر ئالاھىدە يىل بولىدۇ، يۇقۇم ۋە كەلكۈن گىرەلىشىپ كېلىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن چوڭ سىناقلارغا دۇچ كەلدۇق. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ۋەزىيىتىدىكى ئەڭ كۆچەيدىغان پەيتتە، باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆپ قېتىم تەتقىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قىلىپ، مۇھىم يوليورۇق، تەستىقى يوليورۇق بەردى.

ئەنخۇي كەلكۈن ئەڭ ئېغىر بولغان ئۆلكىلەرنىڭ بىرى. تەۋەسىدىكى چاڭجياڭ دەرياسى، خۇەيخې دەرياسى غول ئېقىنىنىڭ پۈتۈن لىنىيەسىدە سۇ ئورنى ئېھتىيات سۇ ئورنىدىن ئېشىپ كەتتى، چاۋخۇ كۆلى 100 يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان يۇقىرى سۇ ئورنىغا دۇچ كەلدى. ۋاڭجيابا چۈشۈرگىسى ئاردىن 13 يىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم چۈشۈرگىنى ئېچىپ كەلكۈن سۈيىنى ساقلىدى، چاۋخۇ كۆلىدىكى ئاساسلىق توسما ئېغىزلىرىدىمۇ چۈشۈرگىنى ئېچىپ كەلكۈننى بۆلۈش يولغا قويۇلدى. كۆز كىرگەندىن كېيىن، ئىزچىل سۇغا چىلىشىپ تۇرغان كۆل توسمىلىرىنىڭ خەتەر يوشۇرۇن خەۋپى كۆپىيىدۇ، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش ۋەزىيىتى يەنىلا كەسكىن.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئۆلچەملەشتۈرۈپ باقمىچىلىق قىلىش كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىش

## ئاپتونوم رايونىمىز زامانىۋى چارۋىچىلىقنىڭ يېشىل تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز خېي خۇڭۋېي خەۋەر قىلدۇ: 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، سانجى شەھىرىنىڭ بىڭخۇ بازىرىدا جايلاشقان شىنجاڭ لاڭچېڭ چارۋىچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ زامانىۋى كالا قوتىنىدا سۈت كالىلىرى مول «كۆچمە ئوزۇقلۇق»تىن بەھرىمەن بولۇۋاتاتتى.

«بۇ، ئادەتتىكى كالا قوتىنى ئەمەس، بىز سۈت كالىلىرىنىڭ قىغىنى قۇرۇق، ھۆل بويىچە ئايرىپ پىششىقلاپ بىر تەرەپ قىلىپ ئورگانىك ئوغۇتقا ئايلاندۇرۇپ، چارۋىچىلىق مەيدانىدىكى مېۋە ـ كۆكتات تېرىقچىلىقىغا ئىشلىتىپ، ئايلانما يېزا ئىگىلىك كەسىپ زەنجىرىنى شەكىللەندۈردۇق.» سودا دىرېكتورى جوۋ لياڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: شىركىتىمىز چارۋىچىلىق مەيدانىنى تايانچ قىلىپ، كەسىپ زەنجىرىنى ئۈزلۈكسىز ئۇزارتىپ، ئۆلچەملەشكەن تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى، سۈت مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش، يېزا ئىگىلىك ئىستىراھەت ساياھىتى، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيەسى، ئالاقە تورى سودىسى قاتارلىقلار بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپ يۇغۇرما تەرەققىيات تىپىدىكى كارخانىنى شەكىللەندۈردى.

تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىغا نەزەر سالساق، لاڭچېڭ چارۋىچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭكىگە ئوخشاش بۇنداق ئەقلىي ئىقتىدارلىق، ئۆلچەملەشكەن باقمىچىلىق مەيدانلىرى بارغانسېرى كۆپەيدى. بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز ئەنئەنىۋى گۆش كالىسى، گۆش قويى، سۈت كالىسى قاتارلىق چارۋا تۈرلىرى ئاساسىدا، گۆش كەپتىرى، گۆش ئېشىكى، ئات، ھەسەل ھەرىسى قاتارلىق تۈرلەرنى ئۆلچەملەشتۈرۈش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش مەيدانىنى ئىلتىماس قىلىپ قۇرۇپ، باقمىچىلىقنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۈلگە كۆرسىتىش، تۈرتكە بولۇش رولىنى جارى قىلدۇردى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېرىمدىن كۆپرەك دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئامبار سىغىمىنى ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇپ ئۆزگەرتىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لىيۇ يىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ۋە ماددىي ئەشيا زاپاس ساقلاش ئىدارىسىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىلقى يازلىق ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتىنىڭ سىجىل ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا بارغانسېرى كۆپ ئاشلىق دەرىجىسى ئۆستۈرۈلگەن ئاشلىق ئامبىرىغا كىرگۈزۈلۈپ، يېشىل، ئىلمىي زاپاس ساقلاش ئىشقا ئاشۇرۇلغان.

نۆۋەتتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يەرلىك دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ 3 مىليون 410 مىڭ تونىلىق ئامبار سىغىمىنى ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ ئۆزگەرتىش تاماملانغان بولۇپ، ئومۇمىي ئامبار سىغىمىنىڭ %56نى ئىگىلىدى. 14 ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)نىڭ 74 ناھىيە، شەھىرىدىكى 108 ئامبار نۇقتىسى ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلكە دەرىجىلىك ئاشلىق ئۇنىۋېرسال باشقۇرۇش سۇپىسى بىلەن توردا ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇش، سانلىق مەلۇماتلارنى ئالماشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ سىياسەت خاراكتېرلىك ئاشلىق زاپىسىنىڭ مىقدارى ئېنىق بولۇش، سۈپىتى ياخشى بولۇش ۋە زاپاس ساقلىنىشى بىخەتەر بولۇشقا ئۈنۈملۈك كاپالەتلىك قىلدى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا پائالىيىتى ھەپتىلىكى توردا قوزغىتىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز شيې خۇيبيەن خەۋەر قىلدۇ: 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، 2020 ـ يىللىق شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا پائالىيىتى ھەپتىلىكى قوزغىتىلدى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنىڭ تەلىپىگە بىرلەشتۈرۈپ، بۇ يىللىق پەن ـ تېخنىكا پائالىيىتى ھەپتىلىكى ئاساسلىقى تور شەكلى ئارقىلىق ئۆتكۈزۈلۈپ، پەن ـ تېخنىكىنىڭ يۇقۇمغا قارشى جەڭدىكى نەتىجە ـ ئۈنۈمى، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنىڭ گۈزەل تۇرمۇش ئېلىپ كېلىدىغانلىقى، پەن ـ تېخنىكىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتىكى مەزمۇن نۇقتىلىق نامايان قىلىنىدۇ.

بۇ يىللىق پەن ـ تېخنىكا پائالىيىتى ھەپتىلىكىنىڭ باش تېمىسى «پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق يۇقۇمغا قارشى جەڭ قىلىش يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش.» ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا نازارىتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنداق تونۇشتۇردى: پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلار تور كۆرگەزمە زالى،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

## ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان 15 ئاغرىق ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى

دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىقلار ۋە تىببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلار جەمئىي 800دىن ئاشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چاۋ جىن خەۋەر قىلدۇ: گوۋۇيۈەن يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تىببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بىرلىشىپ دىياگنوز قويۇپ باھالىشى ئارقىلىق، 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان 15 ئاغرىق دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىپ، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى  نانچىلىق كەسپى ئۈچۈن ئەقىل ـ چارە كۆرسىتىش ①



7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئاقسۇ شەھىرى نان كەسپلەر باغچىسىدىكى پىششىقلاش سېخىدا نان ياقماقتا.
□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ جېن فوتوسى

ھۈنەرخانىدا ئىشلەپچىقىرىشتىن كەسپلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقىچە

## تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا بىر تۈركۈم نانچىلىق كەسپلەر باغچىسى قۇرۇلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لىيۇ يى خەۋەر قىلدۇ: دولان يۇرتى مەكىتتىن چېگرا سودىسى يېڭى شەھىرى قورغاسقىچە، مەركىزىي شەھەر ئۈرۈمچىدىن ئوت يۇرتى تۇرپانغىچە، نانچىلىق كەسپلەر باغچىسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بىر گۈزەل مەنزىرىگە ئايلانماقتا. تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدا نانچىلىق كەسپلەر باغچىسىدىن 15ى قۇرۇلغان، يەنە 18 نانچىلىق كەسپلەر باغچىسى قۇرۇلۇۋېتىپتۇ.

نان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ياقتۇرىدىغان ئەنئەنىۋى مەززىلىك يېمەكلىك، ئۇزاقتىن بۇيان نان ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەرخانا شەكلىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن، كەسپ بولۇپ شەكىللەنمىگەن.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار ئارقا ـ ئارقىدىن بىر قاتار سىياسەت، تەدبىرلەرنى چىقىرىپ، نانچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسى ۋە قاتلىمىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولدى، بىر تۈركۈم نانچىلىق كەسپلەر باغچىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

## كىچىككىنە تونۇردىن كەسپ ئېگىزلىكىگە ئاتلىنىش

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لىيۇ يى

نان مەززىلىك تەم، ھەم نام كارتىسى، شۇنداقلا تېز قەد كۆتۈرگەن كەسپ.

شىنجاڭنىڭ ئۇزاق تارىختا ئىگە خاس يېمەكلىكى بولۇش سۈپىتى بىلەن، نان ئىزچىل تۈردە كۆپچىلىكنىڭ چوڭقۇر ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىپ كەلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلار ئۆز ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، نانچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتتى، كىچىككىنە نان ئىشىك ئالدىدىكى كىچىك تونۇردا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان يالغۇز ئېلىنىش شەكلىدىن كەسپلىشىش يولىغا مېڭىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولىدىغان، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى موتورغا ئايلانماقتا. نان راسلاش، ئىشلەپچىقىرىش كەسپلەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم ھالقىسى، بۇ جەرياندا، يەنە قانداق ئۆتكەللەردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ؟ مۇخبىر بۇ ھەقتە زىيارەت قىلدى.

### كۆلەملەشتۈرۈپ باشقۇرۇش ئۈنۈمنى ئۆستۈردى

«كۆلەملەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش نانچىلىق كەسپىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم يۈزلىنىشى، شۇنداقلا كەسپنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ زورايتىشنىڭ ئاساسى.» 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك نانچىلىق كەسپى تەرەققىيات جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت باشلىقى پولات ھوشۇر مۇنداق دېدى: ناننىڭ كەسپلىشىپ تەرەققىي قىلىشى تونۇر سانى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى، سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشى بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى ئوخشاش بولمىغان قاتلامدىكى بازار ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش زۆرۈر بولغان زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش شەكلى.

كەلپىن ناھىيەسىنىڭ يۇرچى يېزىسى تومئېرىق كەنتى شۇ جايدىكى داڭلىق نان يېقىش كەنتى. بۇ جايدا ئەنئەنىۋى نانچىلىق كەسپىنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ جانلىق ئەمەلىيىتىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)